يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# تۈن كېچىدە، ئۇلار يەنىلا ئاغرىقلار رايونىدا





سېسترا خاۋ يەنيەن ئاغرىققا يوتقان يېپىپ قويماقتا.

«31 ـ كارىۋاتتىكى ئاغرىققا يۈرەك سوقۇشىنى كۆزەتكۈچ تاقاڭلار».

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەر سائەت 2دە، نادىرە ئابدۇسالام سۆزلىشىش ئاپپاراتىدا پەس ئاۋازدا دوختۇر كۆرسەتمىسى چۈشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا 5 ـ بىنا 3 ـ ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شۇ تاپتا نادىرەنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقىنىغا تۆت سائەت بولغانىدى. 400 مېتىردىن ئاشىدىغان U شەكىللىك بۇ ئاغرىقلار رايونىدا، ئۇ بېرىپ ـ كېلىپ 30 نەچچە قېتىم ماڭدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە، ئاغرىقلار رايونىغا يەنە يېڭىدىن قوبۇل قىلىپ داۋالايدىغان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئىككى ئاغرىق كەلدى، كېسەللىك تارىخىنى دەلىللەش، بەدەن تەكشۈرۈش، تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى قىلىش، قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش... نادىرەنىڭ ئالدىراش قىلىدىغان ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئىمكانقەدەر قەدىمىنى يېنىك، چاققان قىلىپ، ئۇخلاپ بولغان ئاغرىقلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىككە تىرىشتى. دىياگنوز قويۇپ بولۇپ، كارىدوردىكى بەدەن تەكشۈرۈش ئاپپاراتى ئالدىغا كەلدى، نادىرە يۈزىنى ئېكرانغا چاپلاپ دېگۈدەك يېقىن تۇرسا، ئاندىن ھور ئۆتۈپ كەتكەن كۆز قوغداش ئەينىكىدىن ئېنىقراق كۆرەلەيتتى، ئۇ ئاغرىقلارنىڭ ئۇچۇرىنى ۋاقتىدا كىرگۈزدى.

سائەت ئىستىرېلكىسى سەھەر سائەت 3تىن 45 مىنۇتنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. سېسترا خاۋ يەنيەن بىر كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، كارىدوردىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا، بىر ياشانغان كىشىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىدىكى كۆزىتىش ئەسۋابى قىسقۇچىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، ئۇ قىسقۇچنى ياشانغان كىشىنىڭ بارمىقىغا ئاستاغىنا قىسىپ قويدى، ئاندىن ئوكسىگېن بېسىمىنىڭ نورمال ياكى نورمال ئەمەسلىكىگە قارىدى، چىقىپ كەتكۈچە، ياشانغان كىشىنىڭ يوتقىنىنى ئوڭشاپ قويدى...

«گەرچە ئاغرىقلار رايونىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يېنىك تىپتىكى ۋە ئادەتتىكى تىپتىكى ئاغرىقلار بولسىمۇ، لېكىن بىز ھەرگىز بىخەستەلىك قىلالمايمىز، ھەر سائەتتە بىر قېتىم قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەپ تۇرۇشىمىز كېرەك.» خاۋ يەنيەن مۇنداق دېدى: قاندىكى ئوكسىگېننىڭ تويۇنۇش دەرىجىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچ، «بىر قېتىممۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ».

كېسەلخانىنى چارلاپ تەكشۈرۈپ بولغۇچە، تاڭ سۈزۈلدى. خاۋ يەنيەن كارىدوردىكى يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا نەچچە مىنۇت ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر نۆۋەتلىك چارلاپ تەكشۈرۈشنى باشلىدى.

بۇ چاغدا، دوختۇر ئىشخانىسىدا ئۈچ دىجورنى دوختۇر كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇرۇپ كېسەللىك تارىخىنى يېزىۋاتاتتى، «كېسەللىك تارىخىنى بالدۇرراق تۈگەتسەك، بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان ئاغرىقلار بالدۇرراق نورمال تۇرمۇشقا قايتالايدۇ» دېدى دوختۇر ليۇ شەنشەن.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز چاۋ جىن، شىبېي لۇڭ فوتوسى، خەۋىرى



سېسترا ھېلىمگۈل مۇتەللىپ نۆۋەتچىلىك قىلىش ئارىلىقىدا ئازراق ئارام ئالماقتا.



دوختۇر ئابدۇل سالام كومپيۇتېر ئالدىدا كېسەللىك تارىخى يازماقتا.

سۈرەتلىك ھېكايە

# ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 28 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 28 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لۇ چېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىق مىسالىنىڭ 20سى ئادەتتىكى تىپلىق، سەككىزى يېنىك تىپلىق. دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، يۇقىرىقى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نەپەس يولى كېسەللىك قوزغاتقۇچى نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 7 ـ نۇسخىسىنىڭ تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

بىرىنچى سەپتىكى پارتىيە ئەزالىرى

# پارتىيەلىك پىدائىيلار مەھەللىدە ئاۋانگارت بولدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا

«بۈگۈن ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق كۆكتاتلارنى ئۆيمۇئۆي يەتكۈزدۈم» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى داشياۋشىمېن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى نۇرلۇق يولى جەنۇبىي مەھەللىسىدىكى پىدائىي ياڭ جۈن 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتە تەرىنى سۈرتكەچ.

ياڭ جۈن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى 13 ـ پارتىيە ياچېيكىسىدىكى پارتىيە ئەزاسى، يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۇ دەرھال مەھەللىدە پىدائىي بولۇشقا تىزىملاتتى. «بۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيت دەل پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ۋاقىت، بىز جەزمەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تىرەك بولۇشىمىز كېرەك» دېدى ياڭ جۈن.

«قەيەردە ۋەزىپە خەتەرلىك، ئېغىر بولسا، شۇ يەردە پارتىيە تەشكىلاتى قەتئىي كۈچلۈك خىزمەت قىلىدۇ، شۇ يەردە پارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارت، ئۈلگە بولىدۇ.» ياڭ جۈن تەۋە بولغان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى شياۋرۇڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ياچېيكا بىرىنچى ۋاقىتتا سەككىز پارتىيە گۇرۇپپىسى ئارقىلىق چاقىرىق چىقىرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدە پىدائىيلار مۇلازىمىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشقا تەشكىللىگەن. ھازىر ياچېيكىدىكى 16 پارتىيە ئەزاسى پىدائىي بولۇپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدە ئالدىراش ئىشلەۋېتىپتۇ.

ياڭ جۈن تۇرۇشلۇق بىنا كونا پاسونلۇق بىنا بولغاچقا، لىفت يوق ئىدى، ئۇ ھەر كۈنى بىناغا قايتا ـ قايتا چىقىپ ـ چۈشۈپ ئاھالىلەرگە كۆكتات يەتكۈزۈپ بەردى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، ئەخلەت تۆكتى، بىنانىڭ يۇقىرىراق قەۋەتىدىكى ئاھالىلەرگە گۈرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق ئېغىرراق نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگىنىدە، دائىم ھېرىپ ھاسىراپ كېتەتتى. «ئاھالىلەر ناھايىتى ماسلاشقاچقا، چارچىساممۇ ھارغىنلىق ھېس قىلمىدىم، بىر قېتىم بىر ئائىلىگە كىرگىنىمدە، ئۇلار يېڭىلا قاسقاندىن چىققان خۇاجەرنى ماڭا بېرىۋېدى، تولىمۇ تەسىرلەندىم» دېدى ياڭ جۈن.

پارتىيە ئەزاسى مياۋ ۋېيتىڭنىڭ ئۆيى سايباغ رايونى شىسەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى چىماسەن يولى غەربىي مەھەللىسىدە. ئۇنى تىلغا ئالغاندا، مەھەللە كادىرى جى جاۋفاڭ ئۇنى ماختاپ كەتتى، «ئۇلار ئاتا ـ بالا ئىككىسى بىزنىڭ پىدائىيلار قوشۇنىمىزدىكى ئاتا ـ بالا ئەسكەرلەر، مۇلازىمىتى ناھايىتى ياخشى، مەيلى ئەتىگەن ياكى كەچتە بولسۇن، چاقىرغان ھامان كېلىدۇ» دېدى جى جاۋفاڭ. يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، مياۋ ۋېيتىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى مياۋ جىنخۇي بىلەن بىرلىكتە پىدائىيلىققا تىزىملىتىپ، ئۆزىنىڭ ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ، مەھەللىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يەتكۈزۈش، ئاپىرىپ ئەكېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەملەشتى.

«بىر ياچېيكا بىر قورغان، بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق. بىز تېخىمۇ كۆپ پارتىيە ئەزالىرىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىمىز» دېدى لى شياۋرۇڭ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

20 يىلدىن بۇيان، روزىتوختى ئىزچىل بۇ ئىشنى قىلىپ كەلدى. «مەن دوپپا تىكىشنى ياخشى كۆرىمەن، مەن بىر قول ھۈنەرۋەن.» روزىتوختىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دائىم كۆپچىلىكتىن پىكىر ـ تەكلىپ ئېلىپ، يېڭى پاسونلارنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزى تېخىمۇ رازى بولغۇدەك سوۋغاتلىق دوپپىلارنى تىكىدىكەن. ئاندىن توكسۇلتىنى ھەيدەپ ھەممە بازارغا بېرىپ، دوپپىلارنى ساتىدىكەن.

2018 ـ يىلى روزىتوختى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كەنتتە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمكارلىق كوپىراتىپى قۇرۇپ، كەنتتىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان كەنت ئاھالىلىرىنى جەلپ قىلىپ ئورتاق ئەگىلىك تىكلەشنى قارار قىلدى.

ئىلگىرىكى نامرات كەنت ئاھالىسى قۇربان مەممەت مۇشۇنداق قىلىپ ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا كىردى، «ئەينى چاغدا ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى، روزىتوختى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلىسەملا، چوقۇم پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدى.» ھازىر ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۇستا ئىشچى بولۇش سۈپىتى بىلەن قۇربان ئېيىغا 5000 يۈەندىن ئارتۇق مائاش ئالىدۇ، خوتۇنى بىر كارخانىدا ئىشلەيدۇ، ئېيىغا 2500 يۈەن مائاش ئالىدۇ.

30 ياشلىق كەنت ئاھالىسى پاتەم مەمەتئەيسانىڭ زېھنى ئۆتكۈر، قولى ئەپچىل بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن دوپپا تىكىۋاتقانلىقىنى، تىكىش ئارىلىقىنىڭ زىچ، ھەم رەتلىك، ھەم كۆركەم ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. «ئىشىك ئالدىدىلا پۇل تاپقىلى بولىدۇ، باللار ۋە ياشانغانلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمىز، مەن بۇ خىزمەتنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دېدى پاتەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

روزىتوختىنىڭ ئېيتىشىچە، كەنتنىڭ 1 ـ شۇجىسى تەرەپ ـ تەرەپكە قاتراپ، ئۇنىڭ دوپپىلىرىغا ۋاستىچى بولۇپ سېتىش يولى تېپىپ بېرىپتۇ، يەنە ئۇنىڭ تاۋار ماركىسىنى روyiخەتكە ئالدۇرۇپ، تونۇلۇش دەرىجىسىنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىپتۇ.

«بىيىشنىڭ سىرى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ، بىر ئىشنى ئاخىرغىچە چىڭ تۇرۇپ ياخشى قىلىش، شۇنىڭدىلا پۇل تاپالماسلىقتىن غەم قىلمىسىمۇ بولىدۇ.» روزىتوختىنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىنكى قەدەمدە، ئۇ يەنە بىر قىسىم نامرات ئائىلىدىكىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى پۇل تاپقاندىن باشقا تېخنىكا ئۆگىنىپ، ئۆز ھۈنىرىگە تايىنىپ بېيىشقا يېتەكلەشنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ قاراقاش ناھىيەسى تۆۋەت يېزىسى ئۈي كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى يۈ لياڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: خىزمەت ئەترىتى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ تىجارىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى، ھازىر ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون يۈەنگە يەتتى.